# ئامېرىكانىڭ خىتاينى قورقۇتقان كىتابى:
# « شىنجاڭ قۇرۇلۇشى»



نەبىجان تۇرسۇن ( تارىخ پەنلىرى دوكتورى)

ۋاشىنگتون

2019-يىلى، 21-سېنتەبىر

(مۇقاۋىدا: نەبىجان تۇرسۇن ۋە جەيمىس مىللۋارد)

بىر تەتقىقات لايىھىسى ۋە بىر كىتاب بىر دۆلەتنى ئەندىشىگە ۋە قورقۇنچقا سالالايدۇ دېسە بۇ، بىر گۇرۇپپا ئامېرىكا مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ 2000-يىلى باشلىغان مەشھۇر « شىنجاڭ قۇرۇلۇشى» تەتقىقات لايىھىسى ۋە شۇ ئاساستا بۇنىڭدىن 15 يىل ئىلگىرى ، يەنى 2004-يىلى نەشر قىلىنغان « شىنجاڭ : خىتاينىڭ مۇسۇلمانلار چېگراسى» ناملىق كوللېكتىپ ئاپتورلار كىتابىدۇر .

مەن موسكۋادىكى رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە 1995-يىلى، مەخسۇس ئۇيغۇر تارىخى بويىچەPhD ، يەنى دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغاندىن كېيىن شۇ ئىنستىتۇت تەركىبىدە تەتقىقاتلىرىمنى داۋاملاشتۇرۇپ، 1998-يىلى، ئامېرىكىغا كەلدىم ۋە مەزكۇر تەتقىقات لايىھىسىنى ئورۇنداشنى زىممىسىگە ئالغان جوھن خوپكىنىس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا-كاۋكاز ئىنستىتۇتىنىڭ تەكلىپى بىلەن مەزكۇر « شىنجاڭ قۇرۇلۇشى»غا تاللىنىپ قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. بۇنىڭدا مېنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كېيىنكى رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە مەخسۇس ئۇيغۇر تارىخى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان كەسپي تەتقىقاتچى بولۇشۇم ۋە 1997-1998-يىللىرى موسكۋادا ، رۇس تىلىدا « خىتاي تارىخشۇناسلىقىدا ئۇيغۇر ئېتنوگېنېزى مەسىلىسى»، « خىتاي تارىخشۇناسلىقىدا ئۇيغۇر سىياسي تارىخى مەسىلىسى» ماۋزۇلۇق ئىككى ئىلمىي تەتقىقات مونوگرافىيەمنى نەشر قىلىشىم بىلەن مەزكۇر تەتقىقات لايىھىسىگە تاللاندىم دېسەم بولىدۇ.

بۇ ،ئامېرىكا ۋە غەرب دۇنياسىدا ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى قېتىم مەخسۇس ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ تارىخى،دىنى، مەدەنىيىتى، جۇغراپىيەۋى-سىياسىي، سودا-ئىقتىسادىي ، سىياسىي-ئىجتىمائىي، نوپۇس، ھەربىي، دىنىي، مىللەتپەرۋەرلىك ۋە باشقا تۈرلۈك ئومۇمىي مەسىلىلىرى بويىچە چوڭ ھەجىملىك كوللېكتىپ تەتقىقات قۇرۇلۇشى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا مۇھىم قوللاشقا ئېرىشىلگەن بۇ لايىھىنى ئورۇنداشقا جوھن خوپكىنىس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا-كاۋكاز ئىنستىتۇتىنىڭ رەئىسى ئاتاقلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە رۇسىيەشۇناس پروفېسسور فرېد ستار مەسئۇل بولغانىدى. لايىھەنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرىنى بېجىرىشكە يەنە تونۇلغان ئۇيغۇرشۇناس ، « يىپەك يولىدىكى ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىكى، ئوئازىس كىملىكى» ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى جۇستىن رۇدېلسون مەسئۇل بولغانىدى.

ئۇلار بۇ تەتقىقاتقا كىمنى تاللاشتا كۆپ ئىزدىنىلگەن ۋە ئاخىرى ئۇنىڭغا ئامېرىكادىكى ئاتاقلىق ياش ۋە پېشقەدەم ئالىملاردىن جەيمىس مىللۋارد، شون روبېرتس، جۇستىن

رۇدېلسون، گراخان فۇللەر، جونسىن لىپمان، ستەنلي توپس، درۇ گلادنېي، گاردنېر بوۋىڭدون، جەي داۋچېر، لىندا بېنسون، مەن نەبىجان تۇرسۇن، ئىسرائىلىيەلىك ئىسساك شىخۇر ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 18 ئادەم تاللانغان . كېيىن ئىككى ئادەم قىسقىراپ، 16 ئادەم قالدۇق.بىز ھەممىمىز 2000-يىلى كۈزدە تۇنجى قېتىم بالتىمور شەھىرىگە جەم بولۇپ، كىتابنى يېزىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدۇق ۋە مەن پروفېسسور جەيمىس مىللۋارد بىلەن بىرگە كىتابنىڭ 1884-1978-يىللىرىغىچە بولغان تارىخ قىسمىنى ، پروفېسسور گاردنېر بوۋىڭدون بىلەن خىتاينىڭ ئۇيغۇر تارىخى ئىدېئولوگىيىسى ۋە تارىخىي نۇقتىئىنەزەرلەر توقۇنۇشى بابىنى يېزىشقا مەسئۇل بولدۇم. قىسقىسى، مەن ئىككى بابنى يېزىشنى زىممەمگە ئالدىم. پىلان بويىچە ئاخىردا يېزىلغانلارنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئاخىردا ئىككى كىشىنىڭ ئورتاق نامىدا ئېلان قىلىش بېكىتىلدى. مەن  ئۆزۈمگە بۆلۈنگەن بابنى ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن  مېنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوللىغان دوستلىرىم، دوكتور پەرھات بىلگىن بىلەن ئوبۇلاسىم تۇمەن ئەپەندىلەر كېچە-كۈندۈز ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەكلىرىنى سىڭدۈردى.




كىتاب يېزىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئاخىرى 3 يىللىق تەتقىقات ۋە يېزىش، تۈزىتىش نەتىجىسى سۈپىتىدە كىتاب 2003-يىلى تولۇق تاماملاندى. بۇ جەرياندا ۋاشىنگتوندىكى جوھن خوپكىنىس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا-كاۋكازىيە ئىنستىتۇتىدا چوڭ ئاممىۋى كىتاب تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى. بۇ، ھەم ئۇيغۇرلار دىيارى توغرىسىدا ئېچىلغان

تۈنجى قېتىملىق كۆپ ئادەم ۋە مۇھىم ئەربابلار قاتناشقان يىغىن ئىدى. 2004-يىلى كىتاب پروفېسسور فرېد ستارنىڭ باش تەھرىرلىكىدە نيۇ-يوركتىكى م.شارپې ئىلمىي ئەسەرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن رەسمىي نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. كىتاب تېزدىن ئامېرىكانىڭ «شىنجاڭ مەسىلىسى»گە دىققەت قىلىدىغان ئورگانلىرى، بۇ ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلىرى، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە تارىخىي مەسىلىلىرى بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىلىم ساھەسىگە تارقىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالىغا ئايلاندى .

مەزكۇر ئەسەر شۇ ۋاقىتتا غەرب دۇنياسىدىكى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»، يەنى شەرقىي تۈركىستان بويىچە بويىچە بىردىنبىر ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئابرۇيى، ئىشەنچلىكلىكى، ئىلمىيلىقى يۈكسەك بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئەسەر ھەققىدە كۆپلىگەن باھالار ئېلان قىلىندى. ئەنە شۇ باھالار ئىچىدە مەزكۇر مەشھۇر ئەسەرنى يېزىشقا ماڭا ئوخشاش بىر ئۇيغۇر تارىخشۇناسىنىڭمۇ قاتنىشىپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا يۇقىرى باھا بېرىلدى. پروفېسسور  فرېد ستارمۇ مېنىڭ رۇس ۋە ئۇيغۇر مەنبەلىرى بىلەن بۇ تەتقىقاتنى بېيىتقانلىقىمنى يۇقىرى باھالىدى. مېنىڭ بىلەن بىرگە مەخسۇس 1884-1978-يىللىرىغىچە بولغان تارىخىي جەريان ۋە خىتاينىڭ كونترول قىلىش ئىستراتېگىيىسى ھەققىدىكى بابنى يازغان جېئورجتوۋن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى جەيمىس مىللۋارد ئۆزىنىڭ مەزكۇر ئەسەردىن 3 يىل كېيىن چىقارغان « ياۋرو-ئاسىيا ئۈتكىلى-شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابىغا مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتا يېزىپ ئۇنىڭغا بەرگەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ 1949-يىلىغىچە بولغان تارىخى، جۈملىدىن ئىككى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئائىت  ماتېرىياللىرىدىنمۇ كۆپ جايلارنى مېنىڭ نامىمنى ئەسكەرتىپ كىرگۈزدى شۇنىڭدەك ئۇ كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ماڭا يۈكسەك باھا بېرىپ،:« دوستۇم نەبىجان تۇرسۇن، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى بويىچە تەڭدىشى يوق تارىخشۇناستۇر»دەپ باھا سۆزىنى يازدى.

گاردنېر بوۋىڭدونمۇ ئۆز كىتابىدا مېنىڭ نامىمنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆز رەھمىتىنى بىلدۈردى. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ 2007-يىلى ئامېرىكادىكى دۇنۇودى نەشرىياتى نەشر قىلغان غەرب دۇنياسىدىكى تۈنجى ئىنگلىز تىلىدىكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇق دەرسلىكى-«ئۇيغۇر ئوقۇشلۇقى»دا بۇ ئىككى دوستۇمغا رەھمىتىمنى ئېيتتىم.

قىسقىسى، بىزنىڭ ئىلمىي دوستلۇقىمىز ۋە ھەمكارلىقلىرىمىز ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولغانىدى. بۇ ئالىملار بىلەن كۆپ قېتىم يىغىنلاردا بىرگە بولدۇق. 2008-يىلى، جەيمس مىللۋارد، گاردنېر بوۋىڭدون، شون روبېرتس ۋە مەن تۆتىمىز ھازىرقى داڭلىق ياش ئالىم دەررېن بايلېرنىڭ رىياسەتچىلىك قىلىشى بىلەن كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەخسۇس ئۇيغۇر ئېلى تارىخى، سىياسىي ۋە ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىك مەسىلىلىرى بويىچە بىرلىكتە دوكلات بەردۇق.

بۇ جەرياندا يەنە ھەر يىلى بىر قېتىم ئېچىلىدىغان مەركىزىي ياۋرو-ئاسىيا جەمئىيىتىنىڭ بىر قانچە قېتىملىق يىغىنىدا بۇ ئالىملار بىلەن بىرگە مۇھاكىمە مەيدانىدا بولۇپ، لېكسىيە سۆزلىدىم. ھەتتا پروفېسسور جەيمس مىللۋارد بىلەن ئىككىمىز بىر قېتىم ۋاشىنگتوندىكى دىپلوماتىيە ئىنستىتۇتىدا مەخسۇس ئۇيغۇر دىيارى تارىخى بويىچە دىپلوماتلارغا لېكسىيە سۆزلىدۇق.

2005-يىلى يەنە « شىنجاڭ قۇرۇلۇشى»نىڭ ئەزالىرىدىن گاردنېر بوۋىڭدون، جەيمس مىللۋارد، ستەنلي توئوپس، جەي داۋچېر قاتارلىق تۆتىمىز ھاۋايى ۋە ۋاشىنگتوندىكى غەرب -شەرق تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ « شىنجاڭ تەتقىقات گۇرۇپپىسى»غا قاتنىشىپ، ئىككى قېتىملىق يىغىندا ھەمدە ھاۋايىدا بىرگە بولۇپ ۋە تەتقىقات تېمىلىرىنى ئورۇندىدۇق.

مانا شۇ بىر مەزگىل ئامېرىكىدا ئۇيغۇر دىيارى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار جانلانغان بولۇپ، بۇ ساھەدىكى پائالىيەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە قاتنىشىش، ئىلمىي دوكلات بېرىش پۇرسەتلىرىگە ئىگە بولدۇم . بىراق، بۇ ۋاقىتتا ئامېرىكا ئالىملىرى، مۇتەخەسسىسلىرى ئارىسىدىكى ئۇيغۇرلار دىيارىغا بولغان بۇ خىل قىزىقىش ۋە قىزغىنلىق، بولۇپمۇ « شىنجاڭ قۇرۇلۇشى» ھەم ئۇنىڭ نەتىجىسى بولغان كوللېكتىپ ئاپتورلار كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىشىدىن بىردىنبىر بىئارام بولغان دۆلەت خىتاي ئىدى.

## خىتاينىڭ ئەندىشىسى

بەزى تەھلىلچىلەرنىڭ قارىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكادا مەخسۇس « Xinjiang Project » يەنى،«شىنجاڭ قۇرۇلۇشى» نامىدا زور كۆلەمدىكى بىر تەتقىقات لايىھىسى باشلانغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، زور گۇمانلىنىش ئىچىدە ئالاقزادە بولۇشقا باشلىغان. بۇنداق جىددىيلىكنىڭ ئارقىسىدا بىر قىسىم «غەرب دۈشمەن كۈچلىرى» ۋە « غەربتىكى

جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر»سەپسەتىسىنى بازارغا سېلىپ، ئۆزلىرىگە دەسمى تاپىدىغان غەربشۇناس ، ئامېرىكاشۇناس سىياسەتچىلەر بولۇشى تەبىئىي. ئەلۋەتتە، خىتايىنىڭ بۇ قورقۇشىنىڭ سەۋەبى بار ئىدى .

مەلۇمكى، خىتاي ھۆكۈمىتى تارىختىن بۇيان ئىشغال قىلىنغان بۇ زېمىندىكى بارلىق قارشىلىق، نارازىلىق كۈرەشلىرى، ھەتتا مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىنىڭ سەۋەبىنى باشقا تەرەپتىن يەنى تاشقى تەرەپتىن، ئوچۇقراق ئېيتقاندا، قوشنا قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنىڭ « تەسىرى »ۋە «قول تىقىشى»دىن ئىزدەپ كەلدى، يەنى ھەربىر زور قارشىلىق كۈرەشلىرى، يەنى ئىنقىلابلارنى شۇ دۆلەتلەرنىڭ «كۈشكۈرتۈشى»، «قول تىقىشى»، « جۇڭگونى پارچىلاش قارا نىيىتى»دىن كېلىپ چىققان دەپ قارايتتى. كونا -يېڭى خىتاي ھۆكۈمرانلىرى بۇ جاي ئۆز خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلگەندىن بۇيان بىر كۈنمۇ خاتىرجەم بولالمىغان بولۇپ، بۇ خاتىرجەمسىزلىك ئۆلاردىكى بىر خىل رېفلېكسقا ئايلىنىپ قالغانىدى. 1980-يىللاردىن باشلانغان تۈرلۈك قارشىلىقلار، ئۇيغۇرلاردىكى مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيەلىرىنىڭ كۈچىيىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىدىن كېيىن تېخىمۇ جانلىنىپ ،كۈنسايىن كۈچىيىپ كەتكەن قارشىلىقلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىق كۈرەشلىرىنىڭ خەلقئارا مىقياسقا قاراپ يۈزلىنىشى ھەم خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا باشلىشى قاتارلىق يېڭى يۈزلىنىشلەر خىتاي سىياسىيونلىرىنىڭ خۇددى بۇرۇن « شىنجاڭغا ھەممە ئاپەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىدۇ» دەپ قورقىنىدەك مانا ئەمدى سوۋېتلار ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى دۇنيا يېڭى كۈچ تەڭپۇڭلۇقىدا ئۆز خاتىرجەمسىزلىكلىرىنى « غەرب دۈشمەن كۈچلىرىدىن» ئىزدىشى ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇشىنى كۈچەيتىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى.

2004-يىلى « شىنجاڭ تەتقىقات قۇرۇلۇشى» تەتقىقات لايىھىسىنىڭ نەتىجىسى بولغان««شىنجاڭ خىتايىنىڭ مۇسۇلمانلار چېگراسى»ناملىق كىتاب نەشر قىلىنىش بىلەن تەڭ خىتايىنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى» بۇ كىتابنى دەرھال خىتايچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئىچكى جەھەتتە مۇتەخەسسىسلەرگە تارقىتىدۇ. كىتابقا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تېررورىزم ھەم بۆلگۈنچىلىك مەسىلىلىرى مۇتەخەسسىسى دەپ تونۇلغان پەن جېپىڭ مەخسۇس كىرىش سۆزى يازىدۇ. كىتابنىڭ خىتايچىسىدىكى كىرىش سۆزىدە پەن جېپىڭ كىتابنى يېزىشتىكى 3 ئادەمنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ مەخسۇس توختالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرى كىتابنىڭ باش مۇھەررىرى ۋە تۈزگۈچىسى، « شىنجاڭ قۇرۇلۇشى»نىڭ مەسئۇلى،

ئوتتۇرا ئاسىيا-كاۋكازىيە ئىنستىتۇتى رەئىسى فرېد ستار، كىتابنىڭ ئاپتورلىرىدىن بىرى مەشھۇر ئىسلامشۇناس، ئوتتۇرا شەرقشۇناس گراخام فۇللېر ۋە مەن نەبىجان تۇرسۇن ئىدىم.




پەن جىپىڭ مەن ھەققىدىمۇ مەخسۇس ئەسلىتىدۇ .ئۇ؛ كىتابقا پۈتۈنلەي سىياسىي مەيداندا تۇرۇپ باھا بېرىپ، « <شىنجاڭ قۇرۇلۇشى> گەرچە ھۆكۈمەت ئارقا كۆرۈنۈشگە ئىگە بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئامېرىكانىڭ مۇھىم ئىدىيىۋى ئامبىرىدۇر»دەيدۇ.

ئۇ،كىتابنىڭ تەسىر كۆرسىتىش كۈچى ھەققىدە:« قۇرۇلۇش> شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ ئامېرىكانىڭ جۇڭگو ئىستراتېگىيىسىدىكى يېڭى يۆنىلىشنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئامېرىكانىڭ دىپلوماتىيە چوڭ ئىستراتېگىيىسىگە تەسىر كۆرستىشى شۈبھىسىز.ئۇنىڭ ئامېرىكانىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىگە تەسىر كۆرستىش يولى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، بۇ: دۆلەت مەجلىسى،سىياسەتچىلەر، مەنپەئەت گۇرۇھلىرى،مېدىئا، مۇنازىرە سورۇنى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار ئىچىدە ئالىم-مۇتەخەسسىسلەر مۇھىم بىر تەرەپتۇر.مۇتەخەسسىسى -ئالىملارنىڭ سىياسەتكە تەسىر كۆرستىش تەرتىپى ئادەتتە: ئىلمىي مۇھاكىمە سورۇنى- سىياسەتچىلەرنى تەكلىپ قىلىش-يۇقىرى قاتلام گۇۋاھلىقى-سىياسەت چىقىرىش-پرېزىدېنت ھۆكۈم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. نۆۋەتتە <قۇرۇلۇش >ئاساسىي جەھەتتىن دەسلەپكى ئىلمىي قاتلامدا تۇرغان بولسىمۇ بىراق ، ئۇنىڭ يوروقا چىقىشى كەلگۈسىدە ئامېرىكا ۋە غەربنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ يۆنىلىشىگە مۇھىم ۋە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرستىدۇ»( پەن جىپىڭنىڭ كىتابنىڭ خىتايچە تەرجىمىسىگە يازغان كىرىش سۆزى.5-بەتلەر) دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ.

پەن جېپىڭ كۆرسەتكەن ئەنە شۇ نۇقتا خىتاي «ئالىم ۋە سىياسەتچىلىرى»نىڭ ئامېرىكانىڭ « شىنجاڭ قۇرۇلۇشى» تەتقىقات لايىھىسىگە دۈشمەنلىك كۆزى بىلەن قارىشىدىكى تۈپ سەۋەبتۇر. خىتاي مۇتەخەسسىسلىرى ئەنە شۇ نۇقتا سەۋەبىدىن پۈتۈنلەي ئىلمىي تەتقىقات نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىنىپ تەييارلانغان بۇ تەتقىقات لايىھىسى ھەم ئۇنىڭ نەتىجىسى بولغان«شىنجاڭ: خىتاينىڭ مۇسۇلمانلار چېگراسى» ناملىق كىتابنىڭ ئىلمىيلىقى، چىنلىقى، ئۇنىڭدىكى تارىخىي كۆزقاراشلار ۋە سىياسىي ئىلمىي كۆزقاراشلار ۋە باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىش، قارىلاش پوزىتسىيىدە بولۇپلا قالماستىن ھەتتا تەتقىقاتچىلارنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە، چۈشۈرۈشكە، ھەتتا ئۇلارنى « بۆلگۈنچىلەرنىڭ دوستى» دەپ بىر تەرەپلىمە باھالاشقا ئۇرۇنىدۇ.

پەن جېپىڭ ئەپەندى كىتابنىڭ خىتايچە تەرجىمىسىگە يازغان كىرىش سۆزىدە ئىلىم ئەخلاقىدىن يىراق ھالدا كىتاب ئاپتورلىرىنى، يەنى ئامېرىكا مۇتەخەسسىسلىرىنى ھەر خىل سۆزلەر بىلەن خۇنۇكلەشتۈرۈپ،« بەزىلىرىنى ئادىل ئالىم دېيىش تولىمۇ قىيىن، ئۇلار ئۆزىنى جۇڭگو مەسىلىسى مۇتەخەسسىسى دېسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بىلىمى،ماتېرىيال مەنبەسى ئاساسەن ئۇلارنىڭ يېقىن بۆلگۈنچى دوستلىرىنىڭ ئېغىزىدىن كەلگەن» دەيدۇ. ئۇ يەنە قوپاللىق بىلەن « قىسقىسى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھەر قانداق ئۆلچەمدىن ئالىملار قاتارىغا كىرگۈزۈش تولىمۇ قىيىن»، « < شىنجاڭ قۇرۇلۇشى>نىڭ ئاپتورلار قوشۇنى ئالىم، بولغۇسى ئالىم،قورچاق ئالىم ۋە نومۇسسىز سىياسىي ئۆسەك سۆز پەيدا قىلغۇچىلارنىڭ چوڭ داش قاينىقىدىن ئىبارەتتۇر» ( خىتايچە تەرجىمىسىگە كىرىش سۆز.4-بەت) دەپ ئۇلارنى تۈرگە ئايرىيدۇ. روشەنكى، ئەگەر بۇ ئالىملار پەن جېپىڭغا ئوخشاش مەيداندا ، ئوخشاش پىكىردە بولغان بولسا، ئۇ، ئۇلارنى مەدھىيىلەش ئۈچۈن خىتاي تىلى لۇغىتىدىن سۆز ئىزدىگەن بولار ئىدى.

قىسقىسى، بۇ بىر قىسىم خىتاي « ئالىملىرى» بۇ بىر قىسىم ئامېرىكالىق ئۇيغۇر دىيارى تەتقىقاتچىلىرى ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىرىنىڭ ئۆز تەتقىقاتلىرى ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىر قانچە يىلدا ئۇيغۇر تىلىنى پۇختا ئۆگىنىلگەنلىكىنى، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، ئۇيغۇرلار دىيارىدا بىر مەزگىل ئۇيغۇرلار بىلەن بىرگە ئارىلىشىپ،ئىنسانىي دوستانە مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى كۆرەلمەيدۇ. ھەقىقەتەن، خىتاينىڭ بۇ ئاتالمىش ئۇيغۇرشۇناسلىرى ۋە ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىدىغان «ئالىملىرى» ئۆزلىرى ئۇيغۇر دىيارىدا 20-30 يىللاپ، ھەتتا ئۆمۈرۋايەت ياشاپمۇ ئۇيغۇر تىلىنى بىلمەيتتى، ئۇيغۇر تىلىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس،

شىنجاڭ تەتقىقاتچىلىرى دەپ ئاتاپ، ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى، ھەتتا ئەدەبىيات-سەنئىتى ھەققىدە كىتاب ۋە ماقالىلەرنى يېزىشاتتى. ئەمما، غەربلىك مۇتەخەسسىسلەر بولسا 3-4 يىل ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگىنىۋالغان ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى. ئەنە شۇ كىتابنىڭ ئاپتورلىرى گاردنېر بوۋىڭدون، جەي داۋچېر، شون روبېرتس، جەيمس مىللۋارد، ستەنلي توپس، جۇستىن رۇدېلسون قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگەنگەنلەر ئىدى. ئۇلار يەنە خىتايچە ۋە باشقا تىللارنىمۇ ياخشى بىلەتتى.

## خىتاينى بىئارام قىلغان ئەجەللىك نۇقتىلار

ئەلۋەتتە، پەن جىيىڭ قاتارلىق خىتاي «ئالىملىرى»نى ئەڭ غەزەپلەندۈرگەن ۋە مەزكۇر كىتابقا شۇنىڭدەك « شىنجاڭ قۇرۇلۇشىغا » ھەم ئۇنىڭ ئاپتورلىرىغا گۇمان ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراشقا ئېلىپ كەلگەن نۇقتا كىتابتىكى تارىخ، سىياسىي، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ، دىنىي ۋە باشقا كۆپلىگەن مەسىلىلەرگە بولغان كۆزىتىش، نۇقتىئىنەزەرلەر ۋە باھالارنىڭ ئۆزلىرىدىن تامامەن پەرقلىق بولۇشى، يەنى خىتاي « ئالىملىرى » ۋە ئۇلار خىزمەت قىلىدىغان « خىتاي شوۋىنىزمىنى »، « خىتاي مەركەزچىلىك».« چوڭ دۆلەتچىلىك»بىلەن يۇغۇرۇلغان تارىخ، سىياسىي، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي نۇقتىنەزەرلىرىنىڭ رەت قىلىنىپ، ئۆز ئالدىغا، ئەركىن يەكۈن چىقىرىلىشىدۇر. ئۇلارنىڭ ئاررۇسى بويىچە، بۇ ئامېرىكا ئالىملىرىمۇ خىتاي ھۆكۈمىتى بەلگىلەپ بەرگەن ئىدىيىۋى ئۆلچەم ۋە رامكا ئىچىدە مېڭىشى ۋە خىتاي ئۆلچىمى بويىچە پىكىر قىلىشى كېرەك ئىدى. نەدىمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن؟

خىتاي نۇقتىنەزەرىگە ئەڭ قاتتىق تېگىپ كەتكەن نۇقتا « شىنجاڭ تۈركىيلەر ۋە مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىق ئۆلكە. يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى ئىسلامى ھەرىكەتلەر جانلىنىشقا باشلىدى ۋە تېخىمۇ زور دەرىجىدىكى مۇختارىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئېرىشىش ھەتتا مۇستەقىللىق ئۈچۈنمۇ كۈرەش ئېلىپ بېرىشمۇ پەيدا بولدى»، «شىنجاڭدىكى تۈركىي خەلقلەر مىڭلاپ قېتىملاپ قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى»دېگەن باھالار، يەنى بۇ رايوننىڭ ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان تۈركىي خەلق ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاھالىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى قارىشى بىلەن

ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ « قارشىلىق ھەرىكەتلىرى»،« مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى»، خىتاي ھۆكۈمرانلىقى « مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىق» دەپ باھا بېرىلىشى ئىدى.

خىتاي ئاپتورلىرىنى خاپا قىلغان يەنە بىر نۇقتىئىنەزەر، شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ خاراكتېرى ھەققىدىكى چىقىرىلغان يەكۈندۇر. بۇ دەل پروفېسسور فرېد ستارنىڭ : « شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ ماھىيىتى چوڭ جەھەتتىن دىنىي ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى مەۋجۇتلۇقىدىن ئەندىشە قىلىپ، خىتاي مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، تېخىمۇ زور مۇختارىيەت ۋە مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى قارار قىلىشى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بولسا قاتتىق باستۇرۇش، كۆچمەن يۆتكەش ۋە مۇستەملىكىلىك ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن ئىبارەت بىر قاتار ئۇنىۋېرسال سىياسەت قوللىنىشىدىن ئىبارەت»دېگەن يەكۈنلىرى ئىدى. ئەلۋەتتە،ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى بىلەن خىتاينىڭ بۇ جايغا قاراتقان سىياستىنىڭ «مۇستەملىكىلىك ھۆكۈمرانلىق»( كىتابنىڭ بىرىنچى بابى، كىرىش سۆز قىسمى ۋە خۇلاسە قىسمى.) دەپ باھا بېرىلىشى خىتايلارنىڭ تىتاڭ تومۇرىغا تېگىدىغان نۇقتا ئىدى ئەلۋەتتە!

ئەلۋەتتە، كىتابتىكى تارىخىي نۇقتىئىنەزەرلەر، يەنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار رايونىنى ئىشغال قىلىشى ۋە باشقۇرۇش سىياسىي تەدبىرلىرى،ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرى، جۈملىدىن 20-ئەسىردە ئىككى قېتىم مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇشى، يەنى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ، خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ئىشغالىيىتى باشقا مەسىلىلەرگە ئائىت قاراشلارمۇ خىتايلار قوبۇل قىلالمايدىغان قاراشلار ئىدى. قىسقىسى، 15 بابلىق بۇ زور ھەجىملىك كىتابتىكى ھەربىر كۆزقاراش، ھەربىر يەكۈن ۋە باھالارنىڭ خىتاي« ئالىملىرى»نى بىئارام قىلغانلىقىدا شەك يوق خالاس! ئەسلىدە ئۇلار خاپا بولۇشنىڭ ئورنىغا بۇ كىتابتىن ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىش ئىلھامى ئېلىشى كېرەك ئىدى.

# خىتاينىڭ ئۆچ ئېلىشى

ئائىلاشلارغا قارىغاندا، ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كوممۇنىستىك پارتىيە كومىتېتى سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەنمۇ بۇنىڭدىن جىددىيلەشكەن بولۇپ، ئۇنى جىددىيلەشتۈرىدىغانلار شۈبھىسىزكى، بېيجىڭدىكى مەخسۇس چېگرا رايونلار مەسىلىسىنى تەتقىقات قىلىپ، ھۆكۈمەتكە سىياسەت تۈزۈش مەسلىھەتى بېرىدىغان چېگرا تەتقىقات ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە باشقا تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى ما داجېڭ، ئىلى شېڭ، پەن جىيىڭ ، خۇئا تاۋ ۋە باشقا خىتاي مۇتەخەسسىسلىرى ئىدى. ئۇلار ئامېرىكانىڭ « شىنجاڭ قۇرۇلۇشى»نى يۇقىرىدا بىز تەكىتلىگىنىمىزدەك ئامېرىكانىڭ «شىنجاڭنى ئىستراتېگىيىسى»نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ ۋە باھا بېرىپ ، بۇنىڭغا قارشى تەدبىر ئېلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

»ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك-پوك» دېگەندەك، خىتاي مۇتەخەسسىسلىرى ۋە سىياسەتچىلىرى غەربتە قىلىنغان مۇنداق بىر زور تەتقىقاتتىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى پۈتۈنلەي دۆلەت بىخەتەرلىكى دەرىجىسىگە ۋە ئاتالمىش غەربنىڭ « شىنجاڭنى پارچىلاش پىلانى»غا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم پۈرسەتپەرەس «ئالىملار» بۇنىڭغا قارشى تەتقىقات لايىھىلىرىنى كۆپتۈرۈپ، يوغىنىپ تەييارلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەتقىقاتلارغا غايەت زور مەبلەغ سېلىۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، زور مىقداردا تەتقىقات سوممىلىرىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت شەخسىي نەپسىنى قامداشقىمۇ ئاتلىنىدۇ. پەن جىيىڭنىڭ مەزكۇر « قۇرۇلۇش» ۋە كىتاب ھەققىدە يۇقىرىدا چىقارغان بىر يۈرۈش خۇلاسىسى ئەمەلىيەتتە ئاشۇ چەتتىن قورقۇش ۋە دۈشمەن ئىزدەش پسىخىكىسىغا ئىگە خىتاي ئالىملىرىنىڭ ئورتاق ساداسى ئىدى. ئۇزۇن يىللار قەشقەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ياشاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسسىق تونۇر نانلىرىنى يەپ، چايلىرىنى ئىچىپ، بىر ئۆمۈر ئاشۇ ئۇيغۇرلارنى قانداق تىنچىتىش يولىدا ئىزدەنگەن پەن جىيىڭ ئەپەندى سوۋېت-خىتاي دۈشمەنلىكى دەۋرىدە سوۋېتلىكلەرنىڭ شىنجاڭنى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇش نىيەتلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلىرى ئۈستىدە تەتقىقات قىلىپ، ئالىم بولغان ئەرباب ئىدى. ئۇ قوقان خانلىقى ۋە چار رۇسىيەنىڭ «شىنجاڭغا كىڭەيمىچىلىكى»، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شىنجاڭغا قول تىقىشى» مەسىلىلىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات تېمىسى قىلغانىدى ، مانا ئەمدى ئۇ بۇ خىل دۈشمەنلىك ئىزدەشنى ئامېرىكا ۋە غەربكە يۆتكىگەنلىكى ئېنىق ئىدى.

ئامېرىكانىڭ « شىنجاڭ قۇرۇلۇشى»غا جاۋاب سۈپىتىدە خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى چېگرا تەتقىقات ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئورۇنلار دەرھال « شىنجاڭ قۇرۇلۇشى»غا قارشى « شىنجاڭ لايىھىسى» ناملىق تەتقىقات لايىھىسى ھازىرلاپ كىتاب تەييارلاشقا كىرىشىپ، مەخسۇس خەلقئارالىق تەشۋىقات كىتابىنى ھەر خىل تىللاردا دۇنياغا تارقاتتى. ئارقىدىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پارتكوم سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە قوللىشى بىلەن زور مەبلەغ ھەم كۈچ ئاجرىتىلىپ، كوللېكتىپ ئاپتورلارنىڭ « شىنجاڭ ئومۇمىي تارىخى» ( 13 توم) ناملىق كىتابىنى يېزىش ئىش باشلاندى.

چېگرا تەتقىقات ئىنستىتۇتى باشلىقى ما داجېڭ قاتارلىقلار شۇ ۋاقىتلاردا يەنە ۋاڭ لېچۈەننىڭ ھاۋالىسى بىلەن« دۆلەت مەنپەئەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن» ماۋزۇلۇق كىتابىنى يېزىپ، ئىچكى جەھەتتە تارقىتىپ،«شىنجاڭ»نى ۋە ئۇيغۇرلارنى قانداق ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرى ۋە پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقانىدى .

ئاشۇلارغا قارىغاندا، ئامېرىكانىڭ مەزكۇر كىتابىنىڭ خىتايچە تەرجىمە نۇسخىسى ئىچكى جەھەتتە سىياسىيونلارغا، ھۆكۈمەت مەسئۇل خادىملىرىغا ۋە قىسمەن مۇتەخەسسىسلەرگە تارقىتىلىپ، ئامېرىكادىكى يۈزلىنىش ھەققىدە ئىچكى لېكسىيلەر سۆزلەنگەن. ئەنە شۇ تەشۋىقات پائالىيىتى يەنە خىتاي كۆزلىگەننىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى قاتلىمىنىڭ ئامېرىكادىكى مەزكۇر تەتقىقاتتىن، بولۇپمۇ كىتابنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولۇشىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ،بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە غەرب دۇنياسىدا قانداق قاراشلار ۋە تەتقىقاتلار كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشكە ئىمكانىيەت ياراتقان.

بىراق، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن « شىنجاڭ قۇرۇلۇشى»غا قاتناشقان ئامېرىكا ئالىملىرىغا قارىتا ئۇلارنى ئىككىنچىلەپ خىتايغا بارغۇزماسلىق، ئۇلارغا ۋىزا بەرمەسلىك، خىتايدىكى ئۇنىۋېرسىتېت ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ يىغىنلىرىغا تەكلىپ قىلدۇرماسلىق ھەم سۆزلەتمەسلىكتەك جازالاش ئۇسۇلى قوللاندى. بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر كىتابنى يېزىشقا قاتناشقان ئالىملارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىككىنچىلەپ خىتايغا بېرىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى. ھەتتا ئاشۇلارغا قارىغاندا، باشقا قانالىلار بىلەن ۋىزا ئېلىپ بارغانلار چېگرادىن كىرگۈزۈلمىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن يەنە « شىنجاڭ قۇرۇلۇشى» تەتقىقات لايىھىسىدىكى بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەرنىڭ خىتاينىڭ

ئايروپىلانلىرىغا چىقارماسلىقى ئەسكەرتىلىپ، ئۇلارنىڭ خىتاي ئايروپىلانىدا ئۇچۇشتىن چەكلەنگەن قارا تىزىملىكى ئېلان قىلىندى. مانا بۇ قارا تىزىملىكتىكىلەر قاتارىدىن مېنىڭ ئىسمىممۇ ئورۇن ئالدى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكا، جۈملىدىن غەرب دۇنياسىدىكى مەخسۇس ئۇيغۇر دىيارى، يەنى شەرقىي تۈركىستان، تىبەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغان، ھەتتا خىتاينىڭ ئىچكى دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرى بويىچە خىتاينى تەنقىد قىلغان بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەرگە ۋىزا بەرمەسلىك بىلەن جازالاش ئۇسۇلى قوللىنىش، ھەتتا ياش مۇتەخەسسىسلەر، ئالىي مەكتەپ ماگىستىر ياكى دوكتور ئاسپىرانتلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە بېرىپ ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشى ۋە تەكشۈرۈشىگە چەك قويۇش قاتارلىق قاتتىق چەكلەش چارىلىرى ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ ئىلىم ساھەسىگە ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك قاتتىق بېسىم كۆرسىتىشى ھەقىقەتەن، بىر قىسىم ياش ئۇيغۇر دىيارى تەتقىقاتچىلىرى خىتاينىڭ ئۆزلىرىگە ۋىزا بەرمەسلىكىدىن ئەنسىرەش، خىتاينىڭ بۇ خىل تىزىملىكىگە چۈشۈپ قېلىشىدىن قورقۇش ۋەزىيىتى ياراتتى. ھەتتا بەزىلەر ئۇيغۇرلار دىيارى ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي ۋەزىيىتى ھەققىدە ئەركىن ۋە خىتايغا نىسبەتەن تەنقىدىي نۇقتىدىن پىكىر ئىپادىلىيەلمەيدىغان، ئېھتىيات قىلىش ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقتى. خىتاينىڭ بۇ خىل بېسىمى « شىنجاڭ قورۇلۇشى» تەتقىقات لايىھىسىگە قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر ئارىسىدىمۇ جىددىيلىك ۋە خىتايغا بولغان نارازىلىق كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەلۋەتتە، ئۇلار خىتايغا، جۈملىدىن ئۇيغۇر دىيارىغا يەنە بېرىپ ئۆز تەتقىقاتلىرىنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق داۋاملاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما بۇ ئارزۇلار خىتاي تەرىپىدىن كۆپۈككە ئايلاندۇرىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز تەتقىقات تېمىلىرىنى يۆتكەشكە، داۋاملىق ئۇيغۇر تېمىسى بىلەن شۇغۇللىنىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى.

2011-يىلى، «ۋاشىنگتون پوچتىسى»، « بلومبېرگ»، « بىزنېس ئىنسايدېر» قاتارلىق مەشھۇر مەتبۇئاتلاردا « شىنجاڭ: خىتاينىڭ مۇسۇلمانلار چېگراسى» ناملىق كىتابنى يېزىشقا قاتناشقان ئامېرىكا ئالىملىرىنىڭ خىتاي تەرىپىدىن ۋىزا بەرمەسلىك، ئۇلارنىڭ خىتايغا زىيارەتكە بېرىشىنى چەكلەش، يەنى خىتاينىڭ ئامېرىكا ئالىملىرىنىڭ ئىلمىي ئەركىنلىكىگە چەكلىمە قويۇشى مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، تەنقىد قىلىندى. ۋەھالەنكى، خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكا مەتبۇئاتىدىكى بۇ تەنقىدلەرگە پىسەنت قىلماستىن ئۆزىنىڭ ئاكادېمىيەلىك ئەركىنلىكنى، يەنى ئامېرىكانى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەرب

ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلار، تىبەت ۋە خىتايدىكى سىياسىي مەسىلىلەرگە بولغان تەنقىدىي ھەم ئوخشىمايدىغان نۇقتىنەزەرلىرىنىڭ خىتايغا كىرىشىنى چەكلەش، سەزگۈر سۆزلەرنى ئىنتېرنېتتىن قامال قىلىش ۋە سۈزۈش، ھەم ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن سېنزورا قىلىش ئۇسۇللىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ قوللىنىپ كەلدى. خىتاي ئۆز بېسىملىرى ئارقىلىق ھەقىقەتەن بىر مەزگىل ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

## بۈگۈنكى خۇلاسە

مانا ئەمدى ۋەزىيەت ئۆزگەردى، پرېزىدېنت ترامپ دەۋرىنىڭ باشلىنىشى ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى سودا ئۇرۇشىنى ئاساس قىلىپ خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ھەر تۈرلۈك مەنپەئەتلىرىگە زىيان سالغانلىقى ۋە سېلىۋاتقانلىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، ھەتتا خىتاينىڭ ئامېرىكا ئۈچۈن تەھدىت ئىكەنلىكى كۆز قاراشلىرى كەڭ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى .

2017 ـ يىلىدىن باشلاپ خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئېلىدا « تەربىيىلەش مەركەزلىرى »نامىدا يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنى، قازاقلارنى ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنى لاگېرلارغا سولاپ، مېڭە يۇيۇش ئېلىپ بېرىشى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت كىملىكىنىڭ ئورنىغا «جۇڭخۇا كىملىكى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى»كىملىكىنى ئالماشتۇرۇشقا، ئۇيغۇر تىلىنى پۈتۈن مائارىپتىن چەكلىشى، دىنىي ۋە مىللىي كىملىكىدىن پۇشايمان قىلدۇرۇش ھەم تاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇش قىلمىشلىرى، ئۇيغۇر دىيارىنى رەقەملىك نازارەت سىستېمىسى بىلەن ساقچى دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇشى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان بۇ جازا لاگېرلىرىغا سولاش قىلمىشى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە فاشىستلار گېرمانىيىسىنىڭ يەھۇدىيلارنى لاگېرلارغا سولىشى، ستالىن دەۋرىدىكى گۇلاگ لاگېرلىرىغا ئوخشىتىلدى شۇنىڭدەك ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانىيەتتە يۈز بەرگەن ئەڭ زور پاجىئەلىك ۋەقە، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت دەپ باھا بېرىلدى.

ھەتتا ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى پومپېيو، ئامېرىكا مۇئاۋىن پرېزىدېنتى مايك پەنس ،دۆلەت مەجلىسى رەئىسى نەنسى پېلوسى ۋە باشقا بىر قانچىلىغان مۇھىم دۆلەت ئەمەلدارلىرى، شۇنىڭدەك ئامېرىكادىكى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، ئىلمىي

جەمئىيەتلەر خىتاينى ئەيىبلىدى. بۇنداق تەنقىدلەر ياۋروپا ئەللىرىدىمۇ يۈز بەردى. ھەتتا ياۋروپا دۆلەتلىرى بىرلىكتە خىتاينى جازا لاگېرلىرىنى تاقاشقا چاقىردى. بۇ مەسىلە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە مۇزاكىرە قىلىندى.

ئىلگىرى خىتاينىڭ ۋىزا بەرمەي ئۆچ ئېلىشقا ئۇچرىغان ئەنە شۇ « شىنجاڭ قۇرۇلۇشى»غا قاتناشقان ئامېرىكا مۇتەخەسسىسلىرى، شۇنىڭدەك خىتاينىڭ ئۆزلىرىگە ۋىزا بەرمەي قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن كۆپلىگەن غەربلىك مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار خىتاي سادىر قىلغان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتچىلەر، يەنى ئۇيغۇرلارنى لاگېرلارغا سولاش قىلمىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باستۇرۇش سىياسىتىگە قارشى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار بۇ جىنايەتكە كۆز يۇمماستىن، بەلكى ھەققانىيەت، ئادالەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك يولىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، خىتاينى ئەيىبلەش ۋە تەنقىد قىلىش سېپىگە ئۆتتى. بىز بۇ سەپنىڭ ئاۋانگارتلىرى سۈپىتىدە جەيمىس مىللۋارد، شون روبېرتس، گاردنېر بوۋىڭدون، فرېد ستار قاتارلىق « شىنجاڭ قۇرۇلۇشى» تەتقىقات لايىھىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە باشقا تىموسى گروسس، داررېن بايلېر ، ئەلىس ئاندېرسون، رايان سام،گېنې بونن، راچېل خاررىس، جوئاننا سمىت، جەيمس لېيبولد، داۋىد بروفى،مايكىل كلارك ۋە باشقا ئونلىغان پېشقەدەم ۋە ئوتتۇرا ياش ھەم ياش ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇرشۇناسلىرىنى كۆرەلەيمىز . بولۇپمۇ مېنىڭ كونا دوستۇم ۋە ئىلمىي ھەمكارچىم پروفېسسور جېيمس مىللۋارد ئەپەندى دادىللىق بىلەن خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قىلمىشلىرىنى تۇنجى قېتىم « مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى» دەپ ئاتىدى ۋە بۇ سۆز ھەممە يەردە نەقىل ئېلىندى. ئۇ، بۇ جەھەتتە خىتاينى ئەڭ كۆپ تەنقىد قىلغۇچى ئىدى.

ئەپسۇسكى، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ھەققىدە غەرب دۇنياسىدا ئەڭ نوپۇزلۇق ئىلمىي ئەسەر يېزىپ نەشر قىلدۇرغان پروفېسسور جاي دائۇچېر، يەنى ئۇيغۇرچە ئىسمائىل ئىسمىلىك، بىرقانچە يىللار غۇلجا ۋە ئۈرۈمچىدە ياشاپ، ئۇيغۇر تىلىنى پۇختا ئۆگىنىپ، ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە مەشرەپلىرىنى تەتقىق قىلغان دوستۇم خىتايغا بېرىشتىن چەكلىنىپ، كېيىن ئۆز كەسپىنى ئۆزگەرتتى ۋە 2018-يىلى ۋاقتىسىز ۋاپات بولدى. ئۇ ھايات بولسا چوقۇم بۇ سەپكە قوشۇلۇشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئۇنى چوڭقۇر ياد ئېتىمەن، ئۇنىڭ بىلەن بولغان ۋاشىنگتون، ھاۋايى ۋە باشقا جايلاردىكى سۆھبەتلىرىم، ئۇنىڭ ئىللىق ۋە ئۆتكۈر چىرايى ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدا، ئۇيغۇرچە ئېيتقان ناخشىسى قۇلۇقۇم تۈۋىدە جاراڭلايدۇ!

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا سالغان بۇ خىل كۆپ تەرەپلىمىلىك، ئاشكارا باستۇرۇش، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش، ناتسىسلارچە جازالاش تەدبىرلىرى ئەخلاق ۋە ئىنسانلىق تۇيغۇسى بار ھەر قانداق بىر ئاڭلىق كىشىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىشى تەبىئىي ئەھۋال. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ پاجىئەلىك قىسمىتى ۋە خىتاينىڭ بۇ پاجىئەنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ئىلگىرى خىتاينىڭ ۋىزا بەرمەي قويۇشىدىن، ياكى ئۆزىنىڭ خىتايغا كىرىشىنى چەكلىشىدىن ئەندىشە قىلغان ئۇيغۇر دىيارى ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات قىلغۇچىلارنى بارلىق ئەندىشىلىرىنى چۆرۈپ تاشلاشقا، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت يولىدا چىڭ تۇرۇپ، مەزكۇر ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتكە قارشى ئۇنى ئەيىبلەش، تەنقىدلەش مەيدانىغا چىقىشىغا يول ئاچتى.

ئامېرىكا ئالىملىرىنىڭ كوللېكتىپ كىتابىدا 16 يىللار ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇيغۇر دىيارىغا ئائىت نۇرغۇن مەسىلىلەر بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ ماڭدى ۋە ئاخىرىدا خىتاي، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ناتسىستلار يەھۇدىيلارغا قارشى ئېلىپ بارغان، «ئىككىنچىلەپ قايتا تەكرارلانمىسۇن» دەپ خىتاب قىلىنغان جازا لاگېرى سىياستىنى دۇنياغا تىرىلدۇرۇپ، بۇنى ئۇيغۇرلارغا ئىشلەتتى. مانا بۇ نۇقتا ئامېرىكا قانۇنچىلىرى ۋە سىياسەتچىلىرى ئارىسىدا بۇ خىل ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزگۈچى چېن چۈەنگو باشلىق بىر قىسىم خىتاي ئەمەلدارلىرىنى ماگنىتسكىي قانۇنى بويىچە جازالاش چوقانلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، بۇ چوقانلار دۆلەت مەجلىسىگە كىردى. يېقىندا بولسا كۆپ سانلىق ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزالىرىنىڭ ئاۋاز بېرىشى بىلەن « ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قانۇن لايىھىسى» ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاۋام پالاتادىن ئۆتۈش كۈتۈلمەكتە. ھەقىقەتەن، يەن جېپىڭ ئەپەندى 15 يىل ئىلگىرى پەرەز قىلىپ، قورققان ئىشلار بولدى. يەنى ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقلىرىنى قوغداش ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ سىياستى ئىچىگە، دۆلەت مەجلىسىگە كىردى. ئۇيغۇر ئىنسان ھوقۇقلىرى قانۇنى لايىھىسى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىن ئۆتۈپ، ئاخىرى پرېزىدېنتنىڭ ئىمزاسىدىن كېيىن رەسمىي قانۇن دەرىجىسى بويىچە ئىشقا كىرىشىشكە يۈزلىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى « شىنجاڭ قۇرۇلۇشى»دىن قورققان خىتاي سىياسىيون-ئالىملىرىنىڭ ئاخىرى كۈتكىنى ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇلار بۇنداق ۋەقەنىڭ بولۇشى، يەنى شۇنداق قانۇن لايىھەلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئۆزلىرى زېمىن ھازىرلىغانىدى.

بەلكى، ختاي مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنى، جۈملىدىن نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر سەرخىللىرى، پروفېسسور -دوكتورلىرى، مەدەنىيەت-مائارىپ، ئىلىم-پەن ئەربابلىرى، يازغۇچى-شائىرلىرى، سەنئەتكارلىرىنى لاگېر ۋە تۈرمىلەرگە سولاپ، ئۇلارنىڭ قەلەم ۋە سۆز ئەركىنلىكىنى بوغقانلىقى، شۇنىڭدەك يەنە ئامېرىكانىڭ « شىنجاڭ قۇرۇلۇشى»تەتقىقات لايىھىسىگە قاتنىشىپ، ئۇيغۇرلار رايونى ھەققىدە تەتقىقات قىلىپ كىتاب نەشر قىلغان ئامېرىكا ئالىملىرىنىڭ ئاكادېمىيەلىك ئەركىنلىكىنى بوغقانلىقىدىن ئىبارەت قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئەمدى بەدەل تۆلەيدىغان ۋاقتى كەلدى .

ختاي «شىنجاڭ»نى تەتقىق قىلغان ئامېرىكا ئالىملىرىدىن ئۈچ ئالغان بۇ ئون نەچچە يىللاردا نەچچە ئون مىڭلىغان ختايلار ئامېرىكىدا ئامېرىكانىڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىنى ئېلىپ ئوقۇدى، مىڭلىغان ختاي مۇتەخەسسىسلىرى ئامېرىكا ئىلىم ئورۇنلىرىدا تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە بىلىم ئېلىش ئىمكانىغا ئىگە بولدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن ئوخشاشلا ئامېرىكانى تەنقىد قىلىپ ماقالىلەرنى يېزىپ، ئامېرىكاشۇناس بولدى. قانچىلىغان ئامېرىكانىڭ ئەقلىي مۈلۈكلىرى ئوغرىلاندى، ھەتتا ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا كۆڭزى ئىنستىتۇتلىرى قۇرۇلۇپ ئۆز ئالدىغا، ئۆز مەقسەتلىرى يولىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىلدى. ھەتتا ختايلار تەرىپىدىن ئامېرىكانىڭ تۇپرىقىدا، ھەتتا ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئاكادېمىيە ئەركىنلىكىگە، سۆز ئەركىنلىكىگە دەخلى قىلىشقا ئۇرۇنۇش قىلمىشلىرى يۈز بەردى. مانا شۇنداق ئەركىنلىكلەرگە ئېرىشىپ تۇرۇقلۇق ، ختاي يەنە خىجىل بولماي ئامېرىكا ئالىملىرىغا خالىغانچە چەك قويالىدى؟ ختاي مۇتەخەسسىسلىرى ئامېرىكانى تىللاپ ماقالە يېزىپ، يەنە ئوخشاشلا ئامېرىكاغا ۋىزا ئېلىپ، ئامېرىكاغا كېلىپ- كېتىپ يۈرۈش ئەركىنلىكلىرىگە ئىگە بولۇۋەردى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئامېرىكانى سۆككەن ختاي مۇتەخەسسىسلىرىنى« دۈشمەن» كۆرمىدى، قىسقىسى ختاي ئامېرىكانىڭ بۇ كەڭ قورساقلىقىدىن زور پايدىلاندى. مانا ئەمدى ھەممىنىڭ جاۋابىنى بېرىدىغان ۋاقىت كەلدى!